شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى:

# پاختىچىلىق كەسپى شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ بېيىش يولىنى ماڭغانسېرى كېڭەيتتى

يېقىندا، بىر قىسىم خەلقئارا ماركىلار ۋە خەلقئارا ئاپپاراتلار ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نى باھانە قىلىپ، شىنجاڭ پاختىسىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش توغرىسىدا داۋراڭ سالدى. ئاپئاق شىنجاڭ پاختىسىغا خالىغانچە قارا چاپلاندى، شىنجاڭ ياشلىرى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ! شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسى بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ۋە بۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ! شىنجاڭ ياشلىرى شىنجاڭ پاختىچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، شۇنداقلا پاختىچىلىق كەسپى تەرەققىياتىنىڭ گۇۋاھچىلىرى. شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپىگە قارىتا، بىز ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

پاختىچىلىق كەسپى شىنجاڭ ياشلىرىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان خوتەن ناھىيەسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدىكى دېھقان ئابدۇراخمان مەتتوختى ۋە خوتۇنى مۇسەللى ئابدۇغېنى ئۇدا بەش يىل ئاۋات ناھىيەسىدە پاختا تەردى، ھەر يىلى پاختا تېرىش مەزگىلىدە، ياتاق ـ تاماق، قاتناش قاتارلىق خىراجەتلەرنى چىقىرۋەتكەندە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى خېلى كۆپ پۇل تاپتى ، ئۇلار بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولدى. بۇنداق خۇشاللىق ئوخشاشلا قەشقەر چىلۇ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك چەكلىك شىركىتىدىكى سالىيە بەكرىدىمۇ بار، ئۇ بىر يېزىلىق ياش بولۇپ، توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، ئىشىك ئالدىدىلا خىزمەت تاپتى. ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1996 ـ يىلى تۇغۇلغان بۇ قىز يېپ ئېگىرىش سېخىنىڭ مۇدىرى بولدى، ئېيىغا 4200 يۈەن كىرىم قىلالايدۇ. بۇنداق ياشلار يەنە ناھايىتى كۆپ، ئۇلار پاختىچىلىق كەسپى ئارقىلىق بېيىش يولىغا ماڭدى.

پاختىچىلىق كەسپى شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. گەرچە پاختا يىغىش ماشىنىسى تەدرىجىي ھالدا ئادەم كۈچىنىڭ ئورنىنى ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم رايونلارنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدە بولغاچقا، يەنىلا قول بىلەن تېرىشقا ئېھتىياجلىق. ھەر قېتىم پاختا تېرىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، پاختا تەرگۈچىلەر خۇددى پەسىل قۇشلىرىدەك پاختا تەرگىلى بارىدۇ، كۆپچىلىك ئۆزلىرىگە تونۇش پاختىكارلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ، پاختا تەرگۈچىلەر بىلەن پاختىكارلار شۇ سەۋەبتىن قويۇق بېرىش ـ كېلىش ۋە ئالاقىنى ساقلاپ، ئىشەنچ ۋە دوستلۇق ئورناتتى. شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق كەسپى ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ياشلارنى ئۆزئارا چۈشىنىش، ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى، مەيلى كەچ كۈزدىكى كېۋەزلىكلەر ياكى ماشىنىلار گۈرۈلدەپ تۇرغان سېخلاردا بولسۇن، كۆپچىلىك ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئورتاق ئىلگىرىلەيدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

پاختىچىلىق كەسپى شىنجاڭ ياشلىرىنى پەخىرلەندۈردى ۋە ئىپتىخارلاندۇردى. پاختا كەڭ تەبىئەتنىڭ چۆل ـ باياۋانغا بەرگەن سوۋغىسى، 2020 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ پاختا مەھسۇلات مىقدارى پۈتۈن مەملىكەت پاختا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ %87.3 نى ئىگىلىدى، دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تەخمىنەن %20دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، پاختىنى ماشىنىدا يىغىش نىسبىتى يىلدىن ـ يىلغا ئۆستى... ھەربىر شىنجاڭلىق ياش بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ، بۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شىنجاڭ پاختىسىنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق بولۇشىنىڭ كەينىدە ھەرگىزمۇ ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر ئېيتقاندەك «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ۋە يۇقىرى دەرىجىدە ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ مەددىتى بار. ھازىر دەل كېۋەز تېرىيدىغان مەزگىل، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەممىلا جايدا ئېتىزلاردا ماشىنىلار گۈرۈلدەپ تۇرغان مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، سانجى ئوبلاستى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق مۇلازىمەت بىرلەشمىسىنىڭ باش مۇدىرى ما جيەنفېي كوللېكتىپنى يېتەكلەپ، زامانىۋى سېيالكىنى ھەيدەپ ئالدىراش ئىشلىمەكتە ئىدى. ئۇنى پەخىرلەندۈرىدىغىنى شۇ بولدىكى، ھازىر يەر تۈزلەش، سولياۋ يوپۇق يېيىپ ئۇرۇق سېلىشتىن تارتىپ ھوسۇل ئېلىپ يىغىۋېلىشقىچە، پاختىچىلىقتا ماشىنىلىشىش ۋە ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن مەشغۇلات قىلىش تەدرىجىي ئىشقا ئېشىپ، خىزمەت ئۈنۈمى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستى.

ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر شىنجاڭ پاختىسىنى نىشان قىلىپ، «جازا قوللىنىش» ئويۇنى ئوينىدى، بىر قىسىم چەت ئەل كارخانىلىرى بەزى يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە تولغان دوكلاتلارغا ئاساسەن شىنجاڭ پاختىسىنى توستى، بۇ پۈتۈنلەي ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك! مەيلى چېگرا سىرتىدىكى بىمەنە گەپ ـ سۆزلەر قانداق تارالسۇن، شىنجاڭنىڭ پاختىسى ئىلگىرىكىدەكلا ئاپئاق، نۇقسانسىز، شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ چېھرى يەنىلا گۈلدەك نۇرلىنىپ تۇرىدۇ. بىز بىمەنە سەپسەتىلەرگە پىسەنت قىلمايمىز، كۈرەش قىلىش قەدىمىمىز توختاپ قالمايدۇ، شىنجاڭ ياشلىرى ئۆزىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇشتەك سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىدۇ!

شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلەر جەمئىيىتى:

# شىنجاڭ پاختىسىنى بارلىق كۈچىمىز بىلەن قوللاپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىمىز

يېقىنقى مەزگىلدە قىسمەن خەلقئارا ماركىلار ۋە خەلقئارا ئاپپاراتلارنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆز ۋە ساختا ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سودا پائالىيىتىدە شىنجاڭ پاختىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى چەكلەش قىلمىشى جۇڭگونىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى ساھەسىدىكىلەر ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلەر جەمئىيىتى ۋە لايىھەلىگۈچىلەر سۈپەتلىك ماركا كارخانىلىرىدىكى بارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ! ھەممىمىزگە مەلۇم، شىنجاڭ پاختىسى دۇنياۋى كەسپ ساھەسىدىكىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەبىئىي تالالىق خام ئەشيا، ئۇ ئىنسانلارغا ئىللىقلىق ۋە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ، بىز باشقىچە غەرىزى بار كىشىلەرنىڭ ئۇنى سىياسىيلاشتۇرۇشىغا، ئۇنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈپ دەپسەندە قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز.

شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلەر جەمئىيىتىدىكى بارلىق لايىھەلىگۈچىلەر ھەم لايىھەلىگۈچىلەر سۈپەتلىك ماركا كارخانىلىرى شىنجاڭدا يىلتىز تارتىپ، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى قېزىش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتتى، شىنجاڭ پاختىسىدىن پايدىلىنىپ خاس سۈپەتلىك ماركىلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ قوشتى. شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلەر جەمئىيىتى لايىھەلىگۈچىلەر ۋە كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا كۈچەپ، لايىھەلىگۈچىلەرنى لايىھەدە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا يېتەكلىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشۇشتا، شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلەر جەمئىيىتى لايىھەلىگۈچىلەرنى يېتەكلەپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا بېرىپ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىغا كەسپىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇردى ۋە ئۇلارنى تىككۈچىلىك تېخنىكىسى بويىچە تەربىيەلىدى. تەربىيەلەش جەريانىدا، بىز جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئاممىنىڭ تېخنىكا ئۆگىنىش ئارقىلىق دېھقانلىقتىن كەسپىي ئىشچىغا ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، ھەم ئۇلارنىڭ ماھارەت ئۆگىنىش ۋە گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش قىزغىنلىقىنى ھېس قىلدۇق. تەربىيەلەنگەندىن كېيىن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر باراۋەر، ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولۇش ئالدىنقى شەرتىدە، ئادەم ئىشلەتكۈچى كارخانىلار بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالىدى، «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ۋاقتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» قاتارلىقلاردا بېكىتىلگەن ئىش ۋاقتى تۈزۈمى بويىچە، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. ئىش ھەققى تەقسىماتىدا، شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى مۇناسىپ ئىش ھەققى تەمىناتى بەردى ھەم «بەش خىل سۇغۇرتا»نى ۋاقتىدا، تولۇق تاپشۇردى. ماھارەت سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى تەدرىجىي ئېشىپ، «بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئائىلە تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى.

شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپ تاللاش ئەركىنلىكى ۋە جىسمانىي ئەركىنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى، ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە كاپالەتلىك قىلدى، ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى. كارخانىلار يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش ۋە بايرامنى تەبرىكلەش يىغىلىشى، سۆھبەت قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى. ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىدىكى خىزمىتى ۋە تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ، تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى كاپالەتكە ئىگە، قانداقتۇر «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ھەرقانداق ئىغۋا توقۇپ تۆھمەت قىلىش شىنجاڭدىكى كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلەر ۋە كارخانىلاردىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ، بەختلىك تۇرمۇش يارىتالىغانلىقىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرالمايدۇ.

شىنجاڭنىڭ كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى كۈچ توپلاپ ئاتلىنىشقا تەييارلاندى، ئەلا سۈپەتلىك شىنجاڭ پاختىسى كەلگۈسىدىكى كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش، سۈپەتلىك ماركىنىڭ تەرەققىياتى، ئىختىساسلىقلارنى توپلاشتۇرۇش، كەسپ زەنجىرىنى جىپسىلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغا چوقۇم تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات بوشلۇقى ئېلىپ كېلىدۇ. شىنجاڭ كىيىم ـ كېچەك لايىھەلىگۈچىلەر جەمئىيىتى بارلىق لايىھەلىگۈچىلەر ۋە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپكارلىرىغا بىردەك ئىنتىپاقلىشىپ، شىنجاڭ پاختىسىنى بارلىق كۈچى بىلەن قوللاپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئۇچقاندەك يۈكسىلىشىگە كۈچ قوشۇپ، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ!

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پاختىكارلارنىڭ ھېكايىسى

ئەركىن رېھىم:

# كېۋەز تېرىپ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۇق

□ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇڭ ۋېيگو

«ئۇرۇق ۋە ئوغۇتنى تەييارلاپ قويدۇق، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىلا كېۋەز تېرىمىز» دېدى 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەركىن رېھىم خۇشال ھالدا.

«ئەگەر كېۋەز تېرىمىغان بولسام، مەن چوقۇم يەنىلا شۇ ‹پادىچى› بولاتتىم، قانداقمۇ ھازىرقىدەك ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيتتىم» دېدى ئەركىن.

ئەركىن لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ گۈلباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئائىلىسى ئەۋلادمۇئەۋلاد پادا بېقىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئۇ ئىلگىرى ئانىسى، تاغىسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى داشەخەيزى سۇ ئامبىرى ئەتراپىدا پادا بېقىپ، دالىدا يېتىپ ـ قوپۇپ تۇرمۇش كەچۈرگەن.

1997 ـ يىلى 25 ياشقا كىرگەن ئەركىن پادا باقسا پەقەت قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنىلا ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ پۇل يىغقىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ، سىرتقا چىقىپ بىرەر ئىش قىلىپ بېقىشنى قارار قىلدى. ئۇ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 2 ـ شىسىنىڭ 33 ـ تۇەنىدە كىچىك ئاشخانا ئاچتى، ئالتە يىلدىن كېيىن ئەركىننىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشىلاندى.

2005 ـ يىلى سىرتتا ئىشلەۋاتقان ئەركىن كېۋەز تېرىپ خېلى ياخشى كىرىم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆيىگە قايتىپ كېۋەز تېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، يەنە قوشنىسىنىڭ بىر قىسىم تېرىلغۇ يېرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 200 موغا يەتكۈزدى. ئەزەلدىن كېۋەز تېرىپ باقمىغان ئەركىن تەرەپ ـ تەرەپتىن يەرنى قانداق چاغدا ئاغدۇرۇش، قانداق چاغدا تېرىش، كېۋەزنىڭ ئۈچىنى قانداق چاغدا ئۈزۈش توغرىسىدا باشقىلاردىن مەسلىھەت سورىدى ... كۈز كەلگەندە، ئاپئاق پاختىلارنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرگەن ئەركىن توغرا قىلغانلىقىنى بىلدى! شۇ يىلى 200 مو يەردىن جەمئىي 40 توننىدىن ئارتۇق پاختا ئېلىپ، كىرىمى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

كېۋەز تېرىشنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن ئەركىن تېرىقچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى، 250 مو، 300 مو، 350 مو، 2020 ـ يىلى ئۇنىڭ يېرى 400 موغا يەتتى. 2005 ـ يىلى ئوغۇتلاش، دورا چېچىش، پاختا يىغىشتا پۈتۈنلەي ئادەم كۈچىگە تايىناتتى، ھازىر ئەركىننىڭ كېۋەزلىكىگە تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى، ئۇرۇق سېلىشتا بېيدوۋغا تايىنىدۇ، دېھقانچىلىق دورىسى چېچىشتا ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانغا تايىنىدۇ، پاختا يىغىشتا پۈتۈنلەي ماشىنىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمگەك سىجىللىقى تۆۋەنلىدى، كىرىمى بارغانسېرى ئاشتى.

«ھازىر مەن سېچۈەنلىك بەش ئىشچىنى كېۋەزلىكنى پەرۋىش قىلىشقا تەكلىپ قىلدىم، پاختا يىغىش پەسلىدە، چوڭ تىپتىكى پاختا يىغىش ماشىنىسى ئارقىلىق پاختىنى بىر قېتىمدىلا يىغىۋالىمەن، نۇرغۇن تەننەرخ تېجىلىپ قالدۇ.» ئەركىن مۇنداق دېدى: پاختىنى ماشىنا بىلەن يىغىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، 350 مودىن ئارتۇق يەردىكى پاختىنى پەقەت 100 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپلا يىغىۋالغىلى بولىدۇ.

2005 ـ يىلى ئەركىن ئائىلىسىنىڭ پاختا مو بېشى مەھسۇلاتى ئاران 200 كىلوگىرام ئەتراپىدا ئىدى، 2020 ـ يىلى 400 كىلوگىرامغا كۆپىيىپ، كىرىمى 1 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«16 يىل كېۋەز تېرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يېنىك تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىدىن ئۈچنى، تىراكتوردىن ئىككىنى ئالماشتۇردۇم، سېيالكىنى ماشىنا بىلەن يىغىش ئەندىزىسىدىكى ئۈچ قۇرلۇق سېيالكىغا ئالماشتۇردۇم» دېدى ئەركىن.

بۇلاردىن باشقا، ئەركىن ئائىلىسى ھازىر يەنە 28 تۇياق كالا ۋە 100 تۇياقتىن ئارتۇق قوي باقتى، 400 نەچچە كۋادرات مېتىرلىق چوڭ ئۆي ۋە 518 كۋادرات مېتىرلىق قوتان سالدى، تۇرمۇشى ئىنتايىن باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئادەم كۈچىگە تايىناتتۇق، ھازىر ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە سۇ، ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىلغار تېخنىكىنىڭ ياردىمىدە، تەننەرخ تۆۋەنلىدى، ئۈنۈم ئاشتى.» كۆپ يىل كېۋەز تېرىغان ئوسمان پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ پايدىسىغا قارىتا بىۋاسىتە تەسراتقا ئىگە ئىدى.

«پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچ قېتىملىق مۇھىم تېخنىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى باشتىن كەچۈرۈپ، كەسپنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتىغا ئاساس سالدى.» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى ۋە پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى دەي جۈنشېڭ مۇنداق دېدى: سولياۋ يوپۇق يېيىش، تېمىتىپ سۇغىرىش، ماشىنىدا يىغىشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تۈرلۈك ئاچقۇچلۇق تېخنىكىنىڭ كېڭەيتىلىشى، قوللىنىلىشى شىنجاڭ پاختىچىلىق كەسپىنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا يېتەكلىدى.

دەي جۈنشېڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى، شىنجاڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشتا ئومۇميۈزلۈك سولياۋ يوپۇق يېيىش تېخنىكىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى، سولياۋ يوپۇقنىڭ ئىسسىقلىق ساقلاش، نەملىك ساقلاش، تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسىنى قوغداش رولى تېخىمۇ كۆپ يەرنى كېۋەز تېرىشقا ماس كېلىدىغان قىلىپ، پاختا ھوسۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ھوسۇلنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئارقىدىن، يوپۇق ئاستىدا تېمىتىپ سۇغىرىشنى ئاساس قىلغان تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا كەينى ـ كەينىدىن ئومۇملىشىپ، سۇ تېجەپلا قالماي، پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ۋە سۈپىتىنىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئۆستۈردى. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، ماشىنىلاشقان پاختا يىغىش تېخنىكىسىنىڭ كېڭەيتىلىشى، قوللىنىلىشى تەننەرخنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ماشىنىلاشتۇرۇپ پاختىنى يىغىش كۆلىمى تېز ئاشتى.

ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق تېخنىكىنىڭ كېڭەيتىلىشى، قوللىنىلىشىنىڭ پايدىسىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى تېز ئاشتى. 2020 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختىنى ماشىنىدا يىغىش نىسبىتى %75.5كە يېتىپ، پاختا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1990 ـ يىلىدىكى %10.4تىن %87.3كە ئۆسۈپ، شىنجاڭ دۆلىتىمىزدىكى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق 1 ـ چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئايلاندى.

## ھەمكارلىشىپ باشقۇرۇلدى تەرەققىيات تېخىمۇ پۇختا، ساغلام بولدى

شىنجاڭدىكى كېۋەز تېرىيدىغان چوڭ ناھىيە شايار ناھىيەسىگە بارسىڭىز، كەڭ كەتكەن كېۋەزلىكلەرنىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيدۇ. ئىلگىرىكى تارقاق «ياماق ئېتىز»دىن ھازىرقى «چوڭ سالا ئېتىز»غىچە، پارچە ـ پۇرات تېرىقچىلىقتىن تۈجۈپىلەپ تىجارەت قىلىشقىچە، شايار ناھىيەسىنىڭ پاختىچىلىق كەسپى بىر مەيدان زامانىۋى ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى.

«بۇلتۇر پۈتۈن كەنت بويىچە 11 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، ماشىنىلىشىش نىسبىتى %90تىن ئاشتى، مو بېشى مەھسۇلات مىقدارى 400 كىلوگىرام ئەتراپىغا يەتتى.» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسىنىڭ شايار ناھىيەسى قايلور بازىرى قايلور كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى جاڭ يەن مۇنداق تونۇشتۇردى: پۈتۈن كەنت بويىچە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش دەرىجىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسۈشى يەر ئوبوروتى، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تۈرتكىسىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. بۇلتۇر پۈتۈن كەنت بويىچە ئوبوروت قىلىنغان يەر كۆلىمى 6000 مودىن ئاشتى، ئىلغار پاختا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى كەنتتە تېز ئومۇملىشىپ، پاختا مەھسۇلات مىقدارى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى، پاختىچىلىق كەسپى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بارغانسېرى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

«ئىلگىرىكى كىچىك ئېتىزلار بىرلەشتۈرۈلۈپ 100 مودىن 300 موغىچە بولغان چوڭ سالا ئېتىزلار بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، يەرلەر پارچە ـ پۇرات بولۇش، باشقۇرۇش تارقاق بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر بىراقلا ھەل قىلىندى.» شايار ناھىيەلىك يېزىلارنىڭ ئىگىلىكنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ليۇ ۋېنمىڭ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ناھىيە بويىچە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرى پائال يېتىشتۈرۈلۈپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشدا سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولدى، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزىلارنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم تىرەككە ئايلاندى.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 26 مىڭ 400گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەز قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېرىقچىلىق تۈرىدىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى %20تىن ئاشتى، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

بۇنىڭ پايدىسىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پاكار، زىچ، بالدۇر ئۆستۈرۈش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش، سۇ، ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قاتارلىق ئىلغار كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىپ، پاختىنىڭ قۇرغاق چۆللۈك رايوندىكى روشەن كۆپ ھوسۇللۇق ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك بولۇش ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىندى.

## كىرىم كۆپ مەنبەلەشتى تۇرمۇش باياشاتلاشتى

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى كۈنسېرى ئەلالىشىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقان پاختىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات پايدىسىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«مەن بۇ يىل ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ 2700مو كېۋەزلىكىنى پەرۋىش قىلىشقا مەسئۇل بولدۇم، ئۆزۈم يەنە بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللاندىم، كىرىمىمنى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇش تەس ئىش ئەمەس.» ساۋەن شەھىرى داچۈەن يېزىسى ساۋفاڭجازا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى خەن جېڭتاۋ مۇنداق دېدى: ھازىر ئىككى كىشىلىك كىرىمگە ئېرىشىش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نورمال ھالىتىگە ئايلاندى.

خەن جېڭتاۋغا ئوخشاش يەر پەرۋىش قىلىش ماھىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ خىزمەت قىلىۋاتقان شۇاڭچۈەن دېھقانلار يەر پاي ھەمكارلىق كوپېراتىپى مەخسۇس سىستېمىلىق باھالاش ـ باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى، يەر پەرۋىش قىلىش مەزگىلىدە ئېيىغا 10 مىڭ يۈەن مائاش كىرىم قىلغاندىن باشقا، ئەگەر ياخشى پەرۋىش قىلىپ، پاختا مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى بولسا، خەن جېڭتاۋ يەنە ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ نورمىدىن ئارتۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

«ئىلگىرى كېۋەز تېرىش مېنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەيىم ئىدى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كىرگەندىن كېيىن، كىرىمىمنى ئاشۇرۇش يولۇم تېخىمۇ كېڭەيدى.» 20 نەچچە يىل كېۋەز تېرىغان شايار ناھىيەسى قايلور بازىرى چوغتېرەك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئەخمەت ئەيسا مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى كۈندە، ئائىلىمىزنىڭ كۆپ قىسىم يېرىنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئوبوروت قىلىپ بەردىم، ئۆزۈم ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا بوغالتىرلىق قىلىمەن، ھەم يەردىن بۆلۈپ بېرىلگەن پايدا كىرىمىم، ھەم مائاش كىرىمىم بار، بۇلتۇر يىللىق كىرىمىم 130 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشتى، كۈنلىرىم بارغانسېرى ئۈمىدكە تولدى.